小汤姆系列

تام ھەققىدە ھېكايىلەر

# تام كۆرپىگە سىيىپ قويدى

# 汤姆尿床了



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本书根据海燕出版社2008年5月第1版，2013年8月第10次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: **ئەركىن ئەمەت**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر ھېكىم**
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: **ئەمرۇللا ئەنۋەر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رىزۋانگۈل ئابلەت**

تام ھەققىدە ھېكايىلەر

# تام كۆرپىگە سىيىپ قويدى


| | |
|---|---|
| تەرجىمە قىلغۇچى: | ئەمرۇللا ئەنۋەر |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 - 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| فورماتى: | 1194 × 889 م م 1／24 |
| باسما تاۋىقى: | 1 |
| نەشرى: | 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى |
| باھاسى: | 6.50 يۈەن |

# تام كۆرپىگە سىيىپ قويدى

# 汤姆尿床了

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەمرۇللا ئەنۋەر



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



كېچىدە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتىم. كىر-
لىك ئىسسىق تۇراتتى...... ئاپلا، ئورنۇمغا سىيىپ
قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ!

夜里,我突然醒了。床单上很热...... 噢,不,我尿床了!



ئۇخلاش كىيىمىممۇ ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ.

我的睡衣都湿了。



ئانام بىلىپ قالمىسۇن، ئۆزۈم ئامال قىلاي، دەرھال باشقا بىر ئۇخلاش كىيىمى تاپاي!

我不想让妈妈知道。我一个人能对付。我应该马上找到另一套睡衣!



嘟！嘘，我的小丑！啊，真倒霉，弄出了这么大的声音！

响声弄醒了爸爸……他好像没有生气。我解释说，我的小丑掉在地上了。



تاراڭ ـ تۇرۇڭ! ئۇش، ئويۇنچۇقۇم! ئاپلا، نەس باسقۇر، ئەجەب تاراڭشىپ كەتتى دېسە! دادام ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى...... قارىماققا ئۇ خاپا بولمىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئويۇنچۇقىمنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم.



كىرلىكنى ئۆزۈم ئالماشتۇردۇم، يېڭى كىرلىكتىكى سوپۇن پۇرىقى بەكلا خۇشبۇي ئىدى. ھازىر كارد-
ۋىتىم يەنە پاكىز بولۇپ كەتتى.

我一个人换上了新床单。新床单上的肥皂味儿好闻极了。现在,我的床又变干净了。



ئەتىسى ئەتىگەندە كىرلىكنى كىرئالغۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم. ھەر قېتىم ئورنۇمغا سى-
يىپ قويغان ۋاقىتتا شۇنداق قىلاتتىم. تەلىيىمگە كىرلىكنى ياخشى پۈرلىگەنلىكىمدىن، ھېچكىم
مەن سىيىپ قويغان جاينى كۆرمىدى.

第二天早上,我把床单放进洗衣机里。每次我尿床了都这样做。幸运的是,床单卷得很好,没人能看见我尿湿的地方。



ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئانامدىن:

— ئەتە ھامماممىنىڭ ئۆيىگە بارسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھە، بۈگۈن ئەتىگەن نېمە ئۈچۈن تاماق يېمىگەنلىكىڭنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم، — دېدى.

吃早饭的时候，我问妈妈：“明天，我能到姨妈家去吗?”妈妈笑着说：“啊，我明白今天早上你什么都不吃的原因了。”



— تام، بۇ ياققا كەلگىن، — دېدى ئانام، — بىز كالېندارغا قاراپ باقايلى، بۇ كىچىك قۇياشلار سەن ئورنۇڭغا سىيىپ قويمىغان كۈنلەر. كىچىك قۇياش بارغانسېرى كۆپىيىپ قالدىمۇ - قانداق؟ ئۇنداقتا، هاماڭنىڭ ئۆيىگە بارساڭ چاتاق چىقمىغۇدەك.

“过来，汤姆，”妈妈对我说，“我们一起看看日历。这些小太阳标示你没有尿床的日子。小太阳是不是越来越多了？那么，到了姨妈家，你也不会有问题的。”



بىراق، مەن يەنىلا كىرلىكنى ھۆل قىلىۋەتمەسلىككە ھۆددە قىلالمايتتىم. قانداق قىلىشىم كې-
رەك؟ قارىغاندا قار تېيىلىش كىيىمى ياكى 10 قەۋەت ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالسام بولغۇدەك......

但是,我还是不敢保证:我能不弄湿床单。我该怎么办呀?看来我得穿上滑雪服或者套上10层睡衣......



يا بولمىسا هاممامغا: «مەن سوغۇقتىن قورقىمەن، يوتقاننى جىقراق يېپىپ قوي» دەي. قىسقى-
سى، مەن چوڭ بولدۇم، ئەمدى زاكا ئىشتان كىيسەم بولمايدۇ.

或者，对姨妈说，我怕冷，要好多好多条被子盖在床上。总之，我长大了，不能再穿纸尿裤了！



ھاممامنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان كۈنى ئەتىگەندە، بىرمۇنچە يۈك - تاق تەييارلىسام، ئانام ماڭا:
— تام، سەن ئىككى كۈنلۈكلا بارىسەن! — دېدى.

بىراق، مەن ئىندىيانلارنىڭ باش بېزىكى، ئېلېكترونلۇق پاراۋوز، يەنە يېڭى چەۋەندازلىرىمنى نەۋرە ئاكام باسىلغا كۆرسىتىشىم كېرەك!

去姨妈家的那天早上，我自己准备了好多行李。“汤姆，你就去两天！”妈妈说。但是，我有许多东西要给巴斯里表哥看呀！我的印第安人头饰，我的电动火车头，还有我的新骑士。



مەن هاممامنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئامراق ئىدىم، چۈنكى مەن نەۋرە ئاكام باسىلغا بەك ئامراق! نەۋرە ئاكامنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا ھەممە چەۋاندازلىرىمنى ئەكەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم.

我很喜欢到姨妈家去，那里有我最喜欢的巴斯里表哥！一看到表哥，我就告诉他，我把所有的骑士都带来了。



— نەۋرە ئاكا، چەۋەندازلارمۇ كىچىك چېغىدا ئورنىغا سىيىپ قويامتى؟ — سورىدىم مەن.

— ياق، يەنە كېلىپ قەلئەدە زاكا ئىشتان ساتمايدىغان تۇرسا! ھا ـ ھا ـ ھا......

“表哥，你说，骑士们小时候也会尿床吗？”“不会的，再说城堡里也没有卖纸尿裤的呀！”哈哈哈......



كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، چاينى جىقراق ئىچىشكىمۇ پېتىنالمىدىم. مەن كىچىك چەۋەندازلار-
نىڭ ئەزەلدىن زاكا ئىشتان كىيمەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدىم، كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ كەتتى.

吃晚饭的时候，我不敢喝太多水。当我说小骑士从来不穿纸尿裤时，大家都笑了起来。



ئۇخلاشتىن بۇرۇن، يېزنە ئاتام بىزگە تىمساھنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەردى: تىمساھنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەچكە، شەھەرگە كىرىپ بىرنەچچە توشقان تۇتۇپ قورسىقىنى توقلاشنى ئويلاپتۇ…… ھېكايە ئادەمنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرەتتى. بىراق، ئاخىرى خېلى قىزىق ئىكەن.

睡觉前，姨父给我们讲了一个大鳄鱼的故事：大鳄鱼非常非常饿，他想去城里找几只小兔填饱肚子...... 故事挺让人害怕的，不过，结尾很有趣。



— بولدى باللىرىم، ئەمدى ئۇخلاڭلار، — هاممام چىراغنى ئۆچۈردى، — تام، ئەنسىرىمە، ياتاق ئۆينىڭ كىچىك چىرىغى ياندۇرۇقلۇق، ئىشىكمۇ ئوچۇق، خەيرلىك كەچ!

“好了，我的大孩子们，该睡觉了。”姨妈关了灯，“汤姆，别担心，卧室的小夜灯亮着，门也开着。晚安！”



كېچىدە ئويغىنىپ كەتتىم، ئۆزۈمنىڭ قەيەردە ئۇخلىغىنىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. بەكلا سىيگۈم كەلدى. تېزدىن تازىلىق ئۆيىگە باراي.

夜里，我醒了，我不知道自己睡在哪里。我很想撒尿。快点，快点，到卫生间去。



كارىدورغا چىقتىم. ۋاي ـ ۋۇي، نېمانداق قاراڭغۇ! ئۈزچاتنى تاپالمىدىم. ماڭا ناھايىتى غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى.

来到走廊,哎呀！太黑了！我不知道开关在哪里。我似乎听到了很奇怪的声音。

تىمساھ تازىلىق ئۆيىدە مېنى
ساقلاۋاتامدۇ ـ يە؟ ئىشىكنى ئېچىـ
شىمغىلا، ئۇ چوقۇم ئۆتكۈر چىشلىـ
رى بىلەن مېنى يېۋېتىدۇ!

会不会是大鳄鱼在卫生间里等我出现呢？只要我一打开门，他就会用尖尖的牙齿把我吃掉！







يەنە مىدىرلاشقا جۇرئەت قىلالمىدىم...... كېچىكتىم! پۇ-
تۇمنىڭ ئۈستىگە سىيىۋەتتىم، پولمۇ ھۆل بولۇپ كەتتى. ئەگەر
ئانام يېنىمدا بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى- ھە، مەن
يىغلاپ ھاممامنى ئويغىتىۋەتتىم.

我不敢再动了...... 太晚了！我尿到了脚上，地板也湿了一片。要是妈妈在身边多好啊。我哭了起来，姨妈被惊醒了。

— كەچۈرگىن تام، تازىلىق ئۆيىنىڭ كىچىك چىرىغىنى ياندۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى هاممام. هاممام بەرگەن ئۇخلاش كىيىمى بەكلا چوڭ بولۇپ، قولۇممۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئىككىلەن كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

“对不起，汤姆，我忘记在卫生间留小夜灯了。”姨妈借给我的睡衣太大了，我都露不出手来。我们两个都笑了。





دادام بىلەن ئانام مېنى ئالغىلى كەلگەندە، ئۇلارغا بۈگۈن ئەتىگەن كىرلىكىمنىڭ قۇرۇق ئىكەنلى-
كىنى دېدىم. ئانام مەندىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

当爸爸妈妈来接我的时候,我告诉他们,今天早上我的床单是干的。妈妈说,她真为我骄傲。



ھېلىقى كالېندارىمدا بۇلۇت يوقاپ، پەقەت قۇياشلا قالدى. ھامامامغا بېرىدىغان رەسىمنىڭ كەي-
نىگە: «مەن ئەمدى ئورنۇمغا سىيىپ قويمايدىغان بولدۇم» دەپ يېزىپ قويدۇم.

在我的日历上,云彩消失了,只有太阳。在给姨妈的画背面,我写上:我不再尿床了。

图书在版编目(CIP)数据

汤姆尿床了:维、汉/(法)戴岚碧里编著;(法)巴文绘;梅莉,萧袤,艾木热拉·艾尼瓦尔译. --喀什:喀什维吾尔文出版社,2015.2
(小汤姆系列)
ISBN 978-7-5373-3754-0

Ⅰ.①汤… Ⅱ.①戴… ②巴… ③梅… ④萧… ⑤艾… Ⅲ.①儿童文学-图画故事-法国-现代 Ⅳ.①I565.85

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第042976号

策　　划:艾尔肯·艾麦提
责任编辑:艾尼瓦尔·艾克木
美术编辑:艾木热拉·艾尼瓦尔
责任校对:热孜玩古丽·阿布来提

小汤姆系列——汤姆尿床了

| | |
|---|---|
| 翻　译 | 艾木热拉·艾尼瓦尔 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998-2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　本 | 889×1194毫米　1/24 开本 |
| 印　张 | 1 |
| 版　次 | 2015年2月第1版 |
| 印　次 | 2015年2月第1次印刷 |
| 定　价 | 6.50元 |

## ئوقۇش يېتەكچىسى

تام كۆرپىگە يەنە سىيىپ قويۇپ، كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. ئۇ ئامال قىلىپ ئۆزى ھۆل قىلد-
ۋەتكەن كىرلىكنى بىر تەرەپ قىلىۋەتتى. تام ھامىمىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى، ئەمما ئۇ كۆرپىگە
يەنە سىيىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى...... كۆرپىگە سىيىپ قويمايدىغان كىچىك بالا يوق. بىز بۇ
كىتاب ئارقىلىق تامنىڭ قانداق قىلىپ بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى-
لەرنىڭ ئۇنى قانداق توغرا چۈشەنگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بىز
تامنىڭ كۆرپىگە سىيىپ قويمايدىغانلىقىغا، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىق-
لارغا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

—— شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باللار مائارىپى تەتقىقات ئورنىدىن جۇ جياشيۇڭ، خۇ يىخۇي



ISBN 978-7-5373-3754-0

定价：6. 50 元